# جاسارەت بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى تارىخىي داستانىنى پۈتۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن بوشاش-
ماي كۈرەش قىلىشتەك ئۇلۇغ مۇساپىسى
قايتا نامايان قىلىندى، «خەلق ئۈچۈن ئابىدە
تىكلەيدىغان، يېڭى جۇڭگو ئۈچۈن تەزكىرە
تۈرغۈزىدىغان، يېڭى دەۋرنى كۈيلەيدىغان
سەنئەت ئەسىرى» دەپ تەرىپلەندى؛ 9 ـ
ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى-
گىچە، دۆلىتىمىزنىڭ كىنو بېلەت كىرىمى
5 مىليارد 50 مىليون يۈەن بولۇپ،
ئوخشاش مەزگىلدىكى تارىختىكى ئەڭ يۇ-
قىرى رېكورتنى ياراتتى، يېڭى جۇڭگو قۇ-
رۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلانغان نۇق-
تىلىق فىلىم «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم»،
«جۇڭگولۇق ئايروپىلان باشلىقى»، «ياـ
مىشىپ چىققۇچى» سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭدى.
ئىجادىيەتچىلەر تىپلاشتۇرۇپ ئىجاد قىلىش
ۋە سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق،
تاماشىبىنلارنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەن-
نى سۆيۈش ئېتىقادى ۋە جان تىكىپ
كۈرەش قىلىشتەك قايناق ھېسسىياتى بىلەن
ئورتاقلاشتى... بۇ، كەڭ ئەدەبىيات ـ
سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ يېڭى جۇڭگو
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا قىلغان سوۋغى-
سى، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئېگىزلىكتىن يۇ-
قىرى پەللىگە غەيرەت بىلەن ئاتلىنىشىدۇر.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا
قىلغان مۇھىم سۆزى ئېلان قىلىنغان بەش
يىلدىن بۇيان، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە
سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە كە-
شىنى ھاياجانغا سالىدىغان يېپيېڭى مەنزى-
رە بارلىققا كەلدى ——

يازغۇچى، سەنئەتكارلار ئايىغى
چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قە-
لىمى كۈچلۈك بولۇشنى ئۆزلۈكسىز كۈچەي-
تىپ، تۇرمۇشقا يەنىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ،
دىققەتنى رېئاللىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، قېتىر-
قىنىپ ئىجاد قىلىپ، توختىماي تىرىشىپ،
قەلبى، مېھرى، زېھنى بىلەن ئۇلۇغ دەۋرنى
تەسۋىرلىدى؛ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن
«ئۆزگەرمەس تاشئالما»، «ئۆلۈمگە ئۆزنى
ئاتىغان ھىماتچى قوشۇن»، «يوۋ يۇ ۋە
ئۇنىڭ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىلىرى»، كى-
نولاردىن «جەڭ بۆرىسى»، «سەرگەردان
يەر شارى»، «ناتونىڭ ئالۋاستى بالىسى
دۇنياغا كۆز ئاچتى»، كىتابلاردىن «دېڭىز
بويىدىكى چۈنچيۇ»، «شاڭخەيدىكى
جەڭ»، «باش رولچى»، ئۇسسۇللۇق تى-
ياتىر «مەڭگۈ ئۆزۈلمەس ئېلېكتىر دولقۇ-
نى»، ھەجۋىي تىياتىر «چېن خۇەنشېڭ-
نىڭ تاماق يېيىش مەسىلىسى»، رادىيو دى-
رامىسى «پۇتاقچى ئاپا» سۇڭ شياۋئيې»
قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئەسەرلىرى ئۆزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى؛
«ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش،
تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانى»
ئۈچۈن تۆۋرۈك تىكلەپ، لىم قويدى،
يۇقىرى پەللىگە چىقىش ئۈچۈن «يول
ياساپ، كۆۋرۈك سالدى»، بىر قاتار
يېڭى سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مە-
سىلە يۆنىلىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ،
كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش تۈ-
زۈلمە ـ مېخانىزمىنى ئۆزلۈكسىز مۇكەم-
مەللەشتۈردى؛ «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيى-
مىز» —— مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈ-
زۈش قاتارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقى-
لىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرى
ھەممىلا يەردە تەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ،
يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى سىڭدۈ-
رۈلۈپ، ئاممىغا يېقىن قىلىنىپ، ئەمەلىي ئۈ-
نۈمگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئاممىنىڭ ئېرى-
شىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى زور دەرى-
جىدە ئاشۇرۇلدى...

بەش يىلدىن بۇيان، كەڭ ئەدەبىيات ـ
سەنئەت خىزمەتچىلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى
دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك
مەدەنىيەت تەرەققىيات يولىدا چىڭ تۇرۇپ،
يېڭى دەۋر يۈكلىگەن يېڭى بۇرچنى زىممى-
سىگە ئېلىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان ئىجادى-
يەت يۆنىلىشىنى روشەن نامايان قىلىپ،
«تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، خەلق ئارى-
سىدا يىلتىز تارتىش» باش تېمىسىدىكى ئە-
مەلىيەت پائالىيىتىنى ئوتتەك قىزغىنلىق
بىلەن قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر
ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن
ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ راۋاج-
لاندۇرۇپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ
قىممەت قارىشىنى تارقىتىدىغان، جۇڭگولۇق-
لارنىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈ-
رىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ
ئىجاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىپ، جۇڭخۇا مىل-
لىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن قەلب ۋە
كۈچنى مۇجەسسەملىدى، يىلتىزنى پەرۋىش
قىلىپ روھنى تاۋلىدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى:
سۇچىلىق شىنجاڭنىڭ ئىمكانىيەتلىك سجىل
تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرى. شىنجاڭ
شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ
تۇرۇپ، بۇ قېتىمقى سۇچىلىق ئارقىلىق
شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنى
پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ
قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ
خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى،
مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە سۇنى تېز-
گىنلەش، سۇچىلىقنى گۈللەندۈرۈش توغرى-
سىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىنى
چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭ-
نى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتى-
مائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش
نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا
نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ
روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنى-
مۇ كۈچەيتىپ، پائال تەشەببۇسكارلىق
بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يىغىن نەتىجىلىرىدىن
ياخشى پايدىلىنىپ، ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ
جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ،
يېڭى دەۋردە شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق خىزمى-
تىنى تېخىمۇ پۇختا، ئۈنۈملۈك ياخشى ئىش-
لەيدۇ. سۇچىلىق مىنىستىرلىقى ۋە شىنجاڭغا
نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەر-
لەرنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا شىنجاڭنىڭ سۇچى-
لىق خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللاپ،
سىياسەت، تور، مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختى-
ساسلىقلار، ئەقلىي كۈچ قاتارلىق جەھەتلەر-
دە شىنجاڭنى تېخىمۇ زور سالماق، تېخىمۇ
كەڭ ساھە، تېخىمۇ كۆپ قاتلامدىن
قوللاپ، ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ سۇ بى-
خەتەرلىكى ئىستراتېگىيە توسۇقىنى مۇستەھ-
كەملەپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد
بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز-
لىتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي
ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشنى قۇدرەتلىك
ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە كۈچلۈك
تىرەك بىلەن تەمىنلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئې جىڭپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:
مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى
سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە
19 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، سۇچىلىق مىنىس-
تىرلىقى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىن-
جاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى
توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاش-
تۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلەر ئارقىلىق شىن-
جاڭغا ياردەم بېرىش، تېخنىكا ئارقىلىق
شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، ئىختىساسلىقلار
ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، نىشان-
لىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى پۇختا ئالغا
سىلجىتتى، سۇچىلىق ئارقىلىق شىنجاڭغا
ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى
كۆرۈنەرلىك بولدى. دىققەتنى تور،
مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار قاتارلىق
جەھەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن بىللە،
سۇچىلىق ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش
خىزمىتى يەنە سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش،
مەبلەغ غەملەش، قۇرۇلۇشنى يۈرۈشتۈ-
رۈش قاتارلىق مەسىلىلەردە چوڭقۇر تەتقى-
قات ئېلىپ بېرىشقا ئېھتىياجلىق. كېيىنكى
قەدەمدە، سۇچىلىق ئارقىلىق شىنجاڭغا
ياردەم بېرىش خىزمىتىنى «كەمتۈكلۈكنى
تولۇقلاش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىش»نى چۆرىدەپ پۇختا ئالغا سىل-
جىتىش كېرەك. «كەمتۈكلۈكنى تولۇق-
لاش»تا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇر-
غاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، سۇچىلىقنى يۈك-
سەلدۈرۈش قۇرۇلۇشى، نامرات ئاھالىلەر-
نىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى-
نى ھەل قىلىش، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ
تېجەش تور قۇرۇلۇشى ۋە سۇنىڭ ئېكولو-
گىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش بىلەن تۈزەپ
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى گەۋدىلىك ياخشى
تۇتۇش كېرەك. «نازارەت قىلىش ـ باشقۇ-
رۇشنى كۈچەيتىش»تە سۇ تېجەشنى ئالدىن-
قى ئورۇنغا قويۇش فاڭجېنىنى نۇقتىلىق ئە-
مەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىپ، سۇ ئېلىش، ئىشلىتىشنى نازا-
رەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەي-
تىپ، دەريا ـ كۆللەرنى نازارەت قىلىش ـ
باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، قۇرۇلۇش سۈ-
پىتى ۋە مەبلەغ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كا-
پالەتلىك قىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ يۈرۈشتۈرۈشنى
باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈ-
رۈش كېرەك.

ئې جىڭپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى:
سۇچىلىق ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش
خىزمىتىنىڭ چوڭ يۆنىلىشىنى توغرا ئىگى-
لەش كېرەك. بىرىنچىدىن، پارتىيە مەركى-
زىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرى-
سىدىكى باش نىشانىنى توغرا ئىگىلەپ،
ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك-
نى زىچ چۆرىدەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدى-
يەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، خەلقنى مەركەز
قىلىش تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەش-
تۈرۈپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە
ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ-
نى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش-
نىڭ سۇچىلىق ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.
ئىككىنچىدىن، سۇچىلىق ئىسلاھات، تەرەق-
قىيات باش رىتىمىنى توغرا ئىگىلەپ، شىن-
جاڭنىڭ يېڭى ـ كونا تۆت چوڭ سۇ مەسىلە-
سىنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلىش ئاساسىدا
كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش تەدبىرلىرىنى
تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى
ئېچىش، پايدىلىنىش، دەريا ـ كۆللەرنى
باشقۇرۇش، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق-
لارنى كۈچلۈك نازارەت قىلىپ، باشقۇ-
رۇپ، سۇچىلىق ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم
بېرىش خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشىنىڭ توغرا،
سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەت-
لىك قىلىش كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار
ئورۇنلار سۇچىلىق ئارقىلىق شىنجاڭغا
ياردەم بېرىش خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي
رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سۇچىلىق ئارقى-
لىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى نۇقتىلىق
خىزمەت سۈپىتىدە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا
سىلجىتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭى-
تىپ، پىكىرلىشىش، ھەمكارلىشىشقا ئەھمى-
يەت بېرىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى مۇ-
جەسسەملەپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى سۇچى-
لىق ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىز-
مىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا، سۇچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ
شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق خىزمىتىنى قوللاش
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىكى
مەسئۇل يولداش سۇچىلىق ئارقىلىق شىن-
جاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى
تونۇشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق
نازارىتى، بىڭتۇەن سۇچىلىق ئىدارىسىدىكى
مەسئۇل يولداشلار ئاپتونوم رايون ۋە بىڭ-
تۇەننىڭ سۇچىلىق خىزمىتى ئەھۋالىنى تو-
نۇشتۇردى؛ سۇچىلىق مىنىستىرلىقى
خۇاڭخې سۇچىلىق كومىتېتى، سۇچىلىق،
سۇ ئېلېكتىرنى پىلانلاش ـ لايىھەلەش باش
يۇرتى ۋە شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ،
گۇاڭدۇڭ، بېيجىڭنىڭ سۇچىلىق تارماقلىرى-
دىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىندا پىكىر ئال-
ماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

يىغىندىن ئىلگىرى، سۇچىلىق مىنىس-
تىرلىقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
بىلەن «شىنجاڭنىڭ سۇچىلىقنى يۇقىرى
سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىل-
جىتىش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق رامكا
كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى.

سۇچىلىق مىنىستىرلىقى رەھبەرلىرى-
دىن ما جيەنخۇا، يې جۇنمىڭ، ليۇ ۋېيپىڭ،
ۋاڭ ئەننەن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى-
دىن ئەركىن تۇنىياز، سارقىت ئاقان،
پېڭ جيارۇي، دۇڭ شىنگۇاڭ، كۇڭ
شىڭلۇڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە
قاتناشتى. سۇچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ ئالاقى-
دار مەھكىمە، ئىدارىلىرى، بىۋاسىتە قاراش-
لىق ئورۇنلار، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم
بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ سۇچىلىق،
سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئاپتونوم
رايون، بىڭتۇەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدى-
كى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى
قويۇۋەتمەي چىڭ كۆزلەپ، قانۇن بويىچە
چوڭقۇر زەربە بېرىش، ئۇزۇل ـ كېسەل
زەربە بېرىش، رەزىللىكنى تولۇق تۈگىتىشكە
ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ تۈزىتىش
ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، مەركەز
قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەت-
چىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنى-
كاسىغا ئاساسەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشنى
مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ۋەزىپىنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، بىرى
تۈزىتىلسە بىرنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، مە-
سىلە ئېنىقلانمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، جاۋاب-
كارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش جايىدا بولمىغۇچە قو-
يۇۋەتمەسلىك، تۈزىتىش جايىدا بولمىغۇچە
قويۇۋەتمەسلىك، ئامما رازى بولمىغۇچە قويۇ-
ۋەتمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛
نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش، تەكشۈ-
رۈپ باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل جايى-
دا نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى ئالغا
سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە مەسىلىنى بايقاپ،
دىققەتنى مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلە-
نى تەتقىق قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىپ،
«قايتا قاراپ چىقىش»نى نازارەت قىلىش ۋە
ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەپ ياخشى
تۇتۇپ، نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش
شەكلىدە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، تەك-
شۈرۈپ باھالاشتا ئاممىنىڭ پىكرىنى تولۇق
قوبۇل قىلىپ، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىش، نۇقتىلىق ساھەلەرنى تۈزەش ۋە نۇق-
تىلىق دېلولارنى بېجىرىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى
سۈرۈپ، بېسىمنى سىجىل يەتكۈزۈپ، خىز-
مەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش
كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى
ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى
چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ،
قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس
كۈرىشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىن-
جاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىج-
تىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش
نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ
تۇرۇپ، نىشان يۆنىلىشى، مەسىلە يۆنىلىشىدە
چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك دائىملىق
تۈزەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەش-
تۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىغا نەتىجە ـ ئۈنۈمە-
نى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، ئېرىشىش تۇي-
غۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى-
نى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش
شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەخلەتنى تۈرگە
ئايرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليو-
رۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىز-
چىللاشتۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيە-
سىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، يېتەكلەشنى كۈ-
چەيتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەخ-
لەتنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى سجىل ئالغا
سىلجىتىپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى
يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ
قۇرۇپ چىقىش كېرەك. نۇقتىدا سىناق قىلىش
خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، تۇرمۇش ئەخلىتىنى
تۈرگە ئايرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمى-
تىنى چۆرىدەپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش-
نى كۈچەيتىپ، نىشان، ۋەزىپە، نۇقتىلىق تۈر،
ياندىش سىياسەت، كونكرېت تەدبىر، مەسئۇ-
لىيەت، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ،
نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، ئۈلگە
كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى ياخشى جارى
قىلدۇرۇش كېرەك. ئىلمىي باشقۇرۇشقا ئەھ-
مىيەت بېرىپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى تۇتۇپ،
تۈرگە ئايرىپ تاشلايدىغان، تۈرگە ئايرىپ
يىغىدىغان، تۈرگە ئايرىپ توشۇيدىغان،
تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەخلەت
بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى تېزدىن ئور-
نىتىپ، ھۆكۈمەت، كارخانا، مەھەللە، ئاھالە
قاتارلىق كۆپ تەرەپ سۇبيېكتىنىڭ ھەمكارلى-
شىپ كۈچەپ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ بىر
تەرەپ قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە
بولۇش كېرەك. ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم
ئورنىتىپ، قانۇنچىللىقنى ئاساس قىلغان، ھۆ-
كۈمەت تۈرتكە بولىدىغان، ئومۇمىي خەلق
قاتنىشىدىغان، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرىدى-
غان ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش تۈزۈمىنى شە-
كىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى
ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلەت-
نى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق،
قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش كېرەك. ئادەت يېتىلدۈرۈشنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، تەربىيەلەش، يېتەكلەش ۋە ئۈنۈمە-
لۈك ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ يېتەكچىلىك قى-
لىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كا-
دىرلار، ئاممىنى يېشىل تەرەققىيات ئۇسۇلى
ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈشكە يې-
تەكلەپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ھەرىكەتلى-
نىپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش ياخشى ئادىتى
يېتىلدۈرۈپ، بىرلىكتە يېشىل تەرەققىيات،
ئىمكانىيەتلىك سجىل تەرەققىياتقا تۆھپە قو-
شۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن،
لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز،
ۋاڭ جۇنجېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن قا-
تارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

### ئاپتونوم رايونلۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 8 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى

## ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرەشتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلى-
دۇ: 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون-
لۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش
مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ
8 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم
رايوننىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش
مەخسۇس كۈرىشى خىزمىتى ئەھۋالى ئومۇ-
مىي ئۆتكۈزۈش قىلىندى، كېيىنكى باسقۇچ-
لۇق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاش-
تۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كو-
مىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى-
نىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۇنجېڭ يىغىنغا رىياسەت-
چىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: تېخىمۇ يۇ-
قىرى سىياسىي يۈكسەكلىكتىن قارا، رەزىل
كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرەشنىڭ
مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، قارا،
رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بىلەن «ئەسلىي
مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ
ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر
قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈ-
رۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، قارا،
رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرە-
شىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە
بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى:
مەخسۇس كۈرەشنىڭ چوڭقۇر سۇ رايونىغا
كىرگەنلىكىگە قاراتا، تۈزىتىش نىشانىنى
چوڭقۇر قېزىشنى چىڭ كۆزلەشتە تەۋرەنمەي،
سجىل كۈچەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قى-
يىنچىلىقنى يېڭىپ، دېلو پاش قىلىش ئۆتكىلى-
گە ھۇجۇم قىلىش، «مۇناسىۋەت تورىغا
زەربە بېرىش، مۇھاپىزەت كۈنلۈكىنى
بۇزۇش»، «مالىيە مەنبەسى ۋە يېڭى قان تو-
لۇقلاشنى ئۈزۈپ تاشلاش»، كەسىپلەر بويى-
چە تۈزەش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى بۆ-
سۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى
جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مەركەزنىڭ قارا،
رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ
يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان
پىكىرلەر بويىچە تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشتا
چىڭ تۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە
قىلىپ، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىكتە قايتما
ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك
سېلىشتۇرۇپ، ئەستايىدىل ئۆزىنى تەكشۈ-
رۈپ، كەم قالغانىنى تولۇقلاپ، چۈشۈپ قال-
غانىنى تولۇقلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ
قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس
كۈرەشدە سۈرئەتنى، سۈپەتنى يەنىمۇ ئۆس-
تۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.
يىپ ئۇچىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى كۈچلۈك
ئالغا سلجىتىپ، نازارەتچىلىك قىلىش، تەك-
شۈرۈپ ئېنىقلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ،
مەخسۇس تۈزەشنى قەتئىي، ئۈنۈملۈك قانات
يايدۇرۇپ، ئىنتىزام ئىجراسى سالمىقىنى زو-
رايتىپ، ئەمەلىي تۈزىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى
بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا جاۋاب
قايتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزى-
يىتىنىڭ سجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقى-
قىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلى-
دىن سارقىت ئاقان، جاڭ ۋېنچۇەن قاتارلىق-
لار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەنە بىزگە 25 مو تېرىلغۇ يەر ئايرىپ بەردى،
نامراتلارنى يۆلەش قويىدىن ئۈننى تەقسىم-
لەپ بەردى. شۇ يىلى، ناھىيەنىڭ ئىشقا ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش چاقى-
رىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مەن خوتۇنۇم بىلەن
بىللە شىنجۈ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە
كېلىپ ئىشلىدۇق، بۇلتۇر، ئائىلىمىزنىڭ يىللىق
كىرىمى 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى» دېدى تۇر-
سۇنقارى خۇشال ھالدا.

كەلپىن ناھىيەسىگە قاراشلىق ئىككى يېزا،
ئۈچ بازاردا، ئىلگىرى نامرات نوپۇس ئاساسلى-
قى كەلپىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى
گەزلىك بازىرى، يۇرچى يېزىسىغا مەركەزلەش-
كەن بولۇپ، بۇ ئىككى يېزا ـ بازاردا ئادەم
كۆپ، يەر ئاز، سۇ بايلىقى كەمچىل، تەبىئىي
مۇھىت ناچار ئىدى. نامرات ئاممىنى نامراتلىق-
تىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى يىلتىزىدىن ھەل
قىلىش ئۈچۈن، كەلپىن ناھىيەسى نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبا-
رەت بۇ «مۇھىم تۇتقا»نى تۇتۇپ، نامراتلارنى
باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇشىنى زور
كۈچ بىلەن يولغا قويدى.

1996 ـ يىلى، مەركەز تۈر تۇرغۇزۇپ 90
مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ كەلپىن ناھىيەسى-
نىڭ چىلان يېزىسىدا ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈش
تۈرىنى يولغا قويدى. 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن
باشلاپ، كەلپىن ناھىيەلىك پارتكوم ۋە ناھىيە-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشىدە، گەزلىك بازى-
رى، يۇرچى يېزىسى قاتارلىق يېزا ـ بازاردى-
كى قىسمەن نامرات دېھقان ـ چارۋىچى ئىلگى-
رى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەمدە
نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بو-
يىچە كۆچتى، 1 ـ قېتىم 1997 ـ يىلى، 2 ـ قېتىم
2005 ـ يىلى، 3 ـ قېتىم 2017 ـ يىلى. كۆچۈرۈل-
گەندىن كېيىن، چىلان يېزىسى، ئاچال بازىرى
كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي
زىرائەت رايونىغا ئايلاندى، كۆچۈرۈلگەن
ئاما يەر تەقسىم قىلىش ۋە يول، سۇ، توكنى
ئائىلىلەرگىچە تۇتاشتۇرۇش قاتارلىق بىر
يۈرۈش ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى-
دىن بەھرىمەن بولدى.

كەلپىن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن
شۇجىسى لى مىڭفېي مۇنداق تونۇشتۇردى:
نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلار ئورۇنلاشتۇرۇش
نۇقتىسىغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ناھىيەمىز
ئۇلارنى ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى، خاس تېرىق-
چىلىق، باقمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلى-
رىنى پىششىقلاش كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا
يېتەكلەپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكە-
لىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا
يېتەكلەپ، «كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇش،
مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇش، قىلىدىغان ئىشى
بولۇش، بېيىيالايدىغان بولۇش» نىشانىنى ئا-
ساسەن ئىشقا ئاشۇردى.

تۇرسۇنقارى ئائىلىسى ئىلگىرى تۇرغان
يۇقىرىس كەنتى تاغلىق رايونغا يېقىن بولۇپ،
ھەر يىلى يازدا كەلكۈن كېلىپ، ئېتىزدىكى زى-
رائەتلەرنى زور زىيانغا ئۇچرىتاتتى. بۇگۈنكى
كۈندە، بەخت كەنتىدە، تۇرسۇنقارى ئائىلىسى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، نامراتلارنى باشقا
جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىن نەپ ئالغان 96 ئا-
ئىلە يېڭى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، يېڭى تۇرمۇشنى
باشلىدى.

«بۈگۈنكى ياخشى تۇرمۇش ئاسان قولغا
كەلمىدى، پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر پارتىيەنىڭ
مېھىر ـ شەپقىتىنى چوقۇم ئەستە چىڭ ساقلاپ،
نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە داۋاملىق
تىرىشىپ، ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىمىز»
دېدى تۇرسۇنقارى.

ئىگىلىنىشچە، ھازىرغا قەدەر، كەلپىن نا-
ھىيەسى جەمئىي 2718 ئائىلىدىكى 13 مىڭ 309
ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 23 كەنتنى
نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان،
نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2.87%كە تۆۋەن-
لىگەن.